# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئومۇمىي 9 ـ سان

ئاپرېل 2021

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



# ئەنگلىيە پارلامېنتى:

# خىتاي ئۇيغۇرلارغا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزدى

DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى

Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV Istiqlal TV

# خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى زور كۆلەملىك پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى




1 - ئاپرېل تۈركىيە باشچىلىقىدىكى بىر قانچە دۆلەتتە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى «چاقچاق ئەمەس، ئىرقىي قىرغىنچىلىق» شوئارى بىلەن زور كۆلەملىك بىرلەشمە پائالىيەت ئۆتكۈزۈلدى.

**خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئەزاسى شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتى تۈركىيەدىكى يەرلىك تەشكىلاتلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، ئاستىدا شەرقىي تۈركىستان مۇنبىرى قۇرۇپ چىققان بولۇپ، مۇنبەر خەلقئارادا «يالغانچىلار كۈنى» دەپ تونۇلغان 1 - ئاپرېل كۈنىدىن پايدىلىنىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققىتىنى تارتىش مەقسىتىدە «چاقچاق ئەمەس، ئىرقىي قىرغىنچىلىق» شوئارى بىلەن تۈركىيەنىڭ بارلىق ۋىلايەت، شەھەرلىرىدە خىتايغا قارشى زور كۆلەملىك پائالىيەت ئۆتكۈزدى.**

پائالىيەتكە 34 دۆلەتتىكى 200 گە يېقىن تەشكىلات ئاۋاز قوشقان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا تۈركچە، ئىنگلىزچە ۋە باشقا تىللاردا باياناتى ئېلان قىلىندى.

ئىستانبۇلنىڭ بەيازىت مەيدانىدا ئېلان قىلىنغان باياناتى ئالدى بىلەن خەلقئارا مۇساپىرلار مۇنبىرىنىڭ رەئىسى ئۇغۇر يىلدىرىمنىڭ باياناتى بىلەن باشلاندى. ئۇ باياناتىدا تۈركىيە ھۆكۈمىتى ۋە دۇنيا ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتىنى شەرقىي تۈركىستان مەسىلىدە باشلامچىلىق رولىنى ئېلىشقا، بارلىق ئىسلام دۇنياسى ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنى خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشقا چاقىردى.

ئارقىدىن İHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفى رەئىسى بۈلەنت يىلدىرىم ئەپەندى باياناتى ئېلان قىلدى. ئۇ باياناتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش مەقسىتىدە خەلقئارا جەمئىيەتكە يالغان تەشۋىقات




تارقىتىۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇرلار خىتاي تەرىپىدىن يوقىتىلىۋاتقان بىر پەيتتە، تۈركىيە خەلقى بۇنىڭغا سۈكۈت قىلالمايدىغانلىقىنى، جازا لاگېرلىرىنىڭ تاقىلىشى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

دوغۇش جامەسى ۋە ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى رەئىسى مەھمەت تالۇ، يېتەكچى ئىمام-خاتىپلار جەمئىيىتى رەئىسى تايفۇر ئەسەن، ئەركىن تەپەككۇر ۋە تەلىم-تەربىيە ھوقۇقى جەمئىيىتى رەئىسى ھۈليا شەكەرجى خانىم، ھەق ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى فېدېراتسىيەسى رەئىسى مۇستافا سىما سۇرۇجۇ، جاھاننۇما جەمئىيىتى مۇئاۋىن رەئىسى سەردار ئاكچە قاتارلىق تەشكىلات ۋە جەمئىيەت رەھبەرلىرى سۆز قىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەت ۋە ئىسلام دۇنياسىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئىگە بولۇشقا چاقىردى.



پائالىيەتتە يەنە شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرى كۆزىتىش جەمئىيىتى رەئىسى نۇرىددىن ئىزباسار بايانات ئېلان قىلدى. ئۇ باياناتىدا خىتاينىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئىنسانىي ھوقۇق دەپسەندىچىلىكى سادىر قىلىۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتايغا قارشى كۆرەشتىن قەتئىي ۋاز كەچمەيدىغانلىقىنى، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ، بولۇپمۇ ئىسلام دۇنياسىنىڭ سۈكۈت قىلىشى خىتاينى جاسارەتلەندۈرگەنلىكىنى، شۇڭا خەلقئارا جەمئىيەت خىتاينى جازا لاگېرلىرىنى تاقاشقا مەجبۇرلاش ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتۈشى، خىتاي ماللىرىنى بايقۇت قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈردى.

پائالىيەتتە يەنە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇغۇچىسى مەلىكە خانىم خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق قىلمىشىنىڭ ئىسپاتى سۈپىتىدە جازا لاگېرىغا قامالغان ئائىلىسى ھەققىدە گۇۋاھلىق بەردى.




İHH ئىنسانىي ياردەم ۋەقفىنىڭ تۈركىيەنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىكى شۆبىلىرىمۇ ئوخشاش ۋاقىتتا پائالىيەت تەشكىللىدى. تۈركىيەنىڭ 21 ۋىلايىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن پائالىيەتتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە قارشى بايانات ئېلان قىلىندى. بۇلاردىن سىرت، 22 ۋىلايەتتە ئىرقىي قىرغىنچىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى. يەنە 40 ۋىلايەتتە ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا مەخسۇس تەييارلانغان ماسكا تاقاپ، پىلاكاتلارنى كۆتۈرۈپ پىيادە يۈرۈش قىلىش ئۇسۇلى بىلەن، خىتاينىڭ قىلمىشلىرىغا نارازىلىق بىلدۈرۈلدى ھەمدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق تەسۋىرلەنگەن كىتابچە ۋە ماسكا تارقىتىلدى.

بۈگۈن تۈركىيە ۋاقتى كەچ سائەت توققۇزدا تۈركىيە ۋە خەلقئارادىكى 200 گە يېقىن تەشكىلات ۋە جەمئىيەت بىرلىكتە تۋىتتېردا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى ھەققىدە «چاقچاق ئەمەس، ئىرقىي قىرغىنچىلىق» شوئارى بويىچە ھەشتەگ پائالىيىتى پىلانلانغان بولۇپ، بارلىق تۈركىيە خەلقىنى، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى پائالىيەتكە ئاكتىپ ئاۋاز قوشۇشقا چاقىردى.




# تۈركىيەدىكى بەش ۋىلايەتتە سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

> بارىن جىھادىنىڭ 31 يىللىقىنى خاتىرىلەش ۋە بۇ تارىخىي ۋەقەنى تۈركىيە خەلقىگە بىلدۈرۈش مەقسىتىدە، 5 -، 6 - ئاپرېل كۈنلىرى تۈركىيەنىڭ بەش ۋىلايىتىدىكى ئالتە ئورۇندا سۈرەت كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى.

كۆرگەزمە خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ باشچىلىقى ۋە شەرقىي تۈركىستان يېڭى نەسىل ھەرىكىتى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفىنىڭ ھەمكارلىقىدا تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئىستانبۇلنىڭ ئەسەنلەر، ئەييۇب سۇلتان رايونلىرى، كونيادىكى كۇلتۇر باغچىسى، قەھرىمانماراشتىكى مىللىي ئىرادە مەيدانى، كاستامونۇدىكى نەسرۇللاھ جامە مەيدانى قاتارلىق مۇھىم ئورۇنلاردا ئۆتكۈزۈلدى.

كۆرگەزمىگە بارىن شېھىتلىرىگە ئالاقىدار سۈرەتلەر، شۇنداقلا جازا لاگېرى، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان شېھىتلەر، چېقىلغان مەسچىتلەر قاتارلىق خىتاينىڭ يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق، تېررور سىياسەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن سۈرەتلەر كۆرگەزمە قىلىندى. كۆرگەزمىنى زىيارەت قىلغان تۈركىيە خەلقى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھەمدەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى كونيا شۆبىسى تەشكىللىگەن سۈرەت كۆرگەزمىسى 5 -





ئاپرېل باشلانغان بولۇپ، كونيا كۇلتۇر باغچىسى مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئۈچ كۈن جەريانىدا كېلەچەك پارتىيەسىدىن بىر ھەيئەت،IHH ئىنسان مەدەنىيەت ھەرىكىتىدىن بىر ھەيئەت، بىر قىسىم ئاخبارات ئورگانلىرى ۋە يەرلىك خەلق كۆرگەزمىنى زىيارەت قىلدى.

سۇتۇق بۇغراخان ئىلىم ۋە مەدەنىيەت ۋەقفى كونيا شۆبە رەئىسى ئابدۇلئەھەد ئۇدۇن ئەپەندى بۇ ھەقتە زىيارىتىمىزنى قوبۇل قىلىپ، كۆرگەزمىگە كونيا شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ياردەم قىلغانلىقىنى، يەرلىك ساقچىلارنىڭ ھەمكارلاشقانلىقىنى، كۆرگەزمە ئاپتوبۇس بېكەت ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى سەۋەبلىك، زىيارەتچىلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداقلا تۈرك ياشلىرىنىڭ بارىن جىھادى ھەققىدە مەلۇماتى يوق ئىكەنلىكىنى، زىيارەتكە كەلگەن ياشلارغا تەپسىلي تونۇشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇلار: «سىلەرگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلەيمىز؟» دەپ سوراشقانلىقىنى، كۆرگەزمىنىڭ نەتىجىلىك بولغانلىقىنى بىلدۈردى.



# خىتاينىڭ تۈركىيەدىكى باش ئەلچىخانىسىنىڭ سۆزلىرى

## تۈركىيەدە قاتتىق نارازىلىق قوزغىدى



خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لىيۇ شاۋبىن ئەلچىخانىنىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە تور بېكەتلىرىدىكى ھەمبەھىرلەنگەن مەزمۇنلار سەۋەبىدىن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىگە چاقىرىلغان.

خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى تىۋىتتېر ھېساباتىدا ئىيى پارتىيەسىنىڭ رەئىسى مەرال ئاقشەنەر ۋە ئەنقەرە شەھەر باشلىقى مەنسۇر ياۋاشنىڭ تىۋىتتېر ھېساباتىنى قوشۇپ: «خىتاي تەرەپ ھەر قانداق ئادەم ياكى كۈچنىڭ خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلىكىگە بولغان ھەرقانداق خىرىسقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. خىتاي تەرەپ بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىش ھوقۇقىنى قوغدايدۇ» دەپ يوللىغان.

لىيۇ شاۋبىنىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى تەنقىد قىلغان ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللىغان ئىيى پارتىيەسىنىڭ رەئىسى مەرال ئاقشەنەر ۋە ئەنقەرە شەھەرلىك ھۆكۈمەت باشلىقى مەنسۇر ياۋاشنى ھۇجۇم نىشانى قىلغان مەزكۇر باياناتلىرى تۈركىيەدە قاتتىق ئىنكاس قوزغىغان.

ئىيى پارتىيەسى بۇنىڭغا تېزلىكتە ئىنكاس قايتۇرۇپ: «قۇرۇق گەپنى توختىتىپ، ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى توختىتىڭلار» دېگەن. خىتاي ئەلچىخانىسى ھەمبەھىرلىگەن مەزمۇنلار يەنە تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا كۈنتەرتىپكە كەلگەن.

ئاق پارتىيەسى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ئەلىتاش ئومۇمىي يىغىندا سۆز قىلىپ، خىتاي باش ئەلچىسىنىڭ دىپلوماتىك قائىدىلەردىن ھالقىپ ھەمبەھىرلىگەن باياناتلىرىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «بىز بۇ ھەمبەھىرلەنگەن باياناتلارنى توغرا دەپ قارىمايمىز. تۈركىيەدىكى سىياسىي پارتىيەلەرنىڭ نېمە دېيىش ۋە قاچان، قانچىلىك سۆز قىلىش ۋە بۇنى بېكىتىشنىڭ باشقا بىر دۆلەتنىڭ باش ئەلچىسى بىلەن ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئېنىق ۋە ئوچۇق بىلدۈرىمىز. بۇ بىزنىڭ

دېموكراتىك قائىدىمىزگە زىت ھەرىكەت شەكلى. مەن بۇنى قەتئىي رەت قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەكچى» دېگەن.

ئىيى پارتىيەسىنىڭ ئىستانبۇل مۇئاۋىن ۋەكىلى ياۋۇز ئايرالئوغلى خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتىغا ئىنكاس قايتۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «مەسىلەن نېمە قىلماقچىسىلەر؟ ھەممىمىزنى جازا لاگېرلىرىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلامسىلەر؟ بىزنى قىيىن-قىستاقتا ئالامسىلەر؟ مەسچىتلىرىمىزنى چېقىۋېتەمسىلەر؟ شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن زۇلۇمغا ئۇچرىغان قېرىنداشلىرىمىزغا ئوخشاش، بىزنى تۈرمىگە تاشلامسىلەر؟ ئائىلىمىزنى ۋە ئېپىتىمىزنى دەپسەندە قىلامسىلەر؟»

كېلەچەك پارتىيەسىنىڭ رەئىسى ئەھمەد داۋۇتئوغلىمۇ خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەزكۇر ئۇچۇرىنى نەقىل كەلتۈرۈپ: «ھەددىڭلارنى بىلىڭلار! بۇ دېگەن ئەنقەرە!» دەپ ئىنكاس قايتۇرغان.

بۇ ھەقتە تۈركىيە پارلامېنتىدا سۆز قىلغان ئىيى پارتىيەسى گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى لۈتفى تۈركقان: «خىتاينىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ ھەمبەھرلىگەن باياناتلىرى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئوچۇق-ئاشكارا ئارىلاشقانلىقتۇر. تۈركىيە دۆلىتى دەرھال ئىنكاس قايتۇرۇشى ۋە بۇ سۆزلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغان باش ئەلچىنى «قارشى ئېلىنمايدىغان كىشى» دەپ ئېلان قىلىشى كېرەك» دېگەن.

بۈيۈك بىرلىك پارتىيەسىنىڭ رەئىسى مۇستافا دەستىجى: «خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى زۇلۇمنى يوشۇرۇشقا كۈچى يەتمىگىنىگە ئوخشاش، ئىشغالىيەتكە قارشى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قوللىغان پۇقرالىرىمىزنى، سىياسىيونلىرىمىزنى تۈركىيەدە بوزەك قىلىشىغا يول قويمايمىز. خىتاينىڭ قىرغىنچىلىقىنى ۋە ئەلچىخانىنىڭ قالايمىقان يازمىلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن» دېگەن.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بۇ ھەقتىكى نارازىلىقىنى بىلدۈرۈپ: «خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ تۈركىيە سىياسىي پارتىيەلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە قاراتقان يىرگىنچلىك، ھاكاۋۇرلارچە ۋە ھەددىدىن زىيادە تەھدىت باياناتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيمىز. خىتاينىڭ تۈركىيەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ئىغۋاگەرچىلىك قىلماقتا. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىمىز بۇ ھەقتە مۇۋاپىق پوزىتسىيە بىلدۈردى» دېگەن.

خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جاۋ لىجيەن بۈگۈن بۇ ھەقتە ئىپادە بىلدۈرۈپ، تۈركىيەدىكى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ تامامەن توغرا ۋە مۇۋاپىق بولغانلىقىنى، ئەيىبلەشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.



# ئەنگلىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايەتلىرىنى

# ئىرقىي قىرغىنچىلىق دەپ بېكىتتى



22 - ئاپرېل ئەنگلىيە پارلامېنتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنى رەسمىي هالدا «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ بېكىتكەن.

> **BBC** نىڭ بۇ هەقتىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئەنگلىيە پارلامېنتى 22 - ئاپرېل كەچتە خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنى تولۇق ئاۋاز بىلەن «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېتىراپ قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئەنگلىيە پارلامېنتى ئامېرىكا، كانادا ۋە گوللاندىيەدىن كېيىن خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قاراتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» دەپ ئېلان قىلغان غەرب پارلامېنتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەزكۇر پارتىيە هالقىغان قارار ماقۇللىنىشتىن ئىلگىرى هاكىمىيەت بېشىدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسى، ئەڭ چوڭ ئۆكتىچى ئىشچىلار پارتىيەسى ۋە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيەسى، شوتلاندىيە مىللىي پارتىيەسى ۋە شىمالىي ئىرېلاندىيە دېموكراتچىلار ئىتتىپاق پارتىيەسى قاتارلىقلارنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى مەزكۇر تەكلىپنى قوللاپ سۆز قىلغان.

جونسون هۆكۈمىتى هازىرغىچە شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق بار-يوقلۇقىنى خەلقئارا سوت مەهكىمىسى هۆكۈم قىلىشى كېرەك، دەپ كەلگەن. هاكىمىيەت بېشىدىكى كونسېرۋاتىپلار پارتىيەسىگە تەۋە پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ بۇ قانۇن لايىهەسىگە قارشى چىقالمىغانلىقى تەبىئىي هالدا ئەنگلىيە هۆكۈمىتىنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسىتىگە قارىتا غايەت زور بېسىمغا دۇچ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن.

گەرچە مەزكۇر قارار مەجبۇرلاش كۈچىگە ئىگە بولمىسىمۇ، كۆپلىگەن ئانالىزچىلار بۇ قارارنىڭ خىتاي-ئەنگلىيە مۇناسىۋىتىگە سەلبىي تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكەن.



# مىرزات تاھىر تۈركىيەگە بارغانلىقى سەۋەبلىك 25 يىل كېسىلگەن

ئاۋستىرالىيەنىڭ ABC خەۋەرلىرى تورى بۈگۈن ئۇيغۇر ياش مىرزات تاھىرنىڭ تۈركىيەدە تۇرغانلىقىنى سەۋەبلىك 25 يىل كېسىلگەنلىكى ھەققىدە تەپسىلىي خەۋەر ئېلان قىلغان.

خەۋەردە ئېيتىلىشىچە، ئاۋستىرالىيەنىڭ مېلبۇرن شەھىرىدە ياشاۋاتقان مېھراي مېزىنسوف خانىمنىڭ يولدىشى مىرزات تاھىر يېڭى توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي شەرقىي تۈركىستانغا كەتكەن ۋە تۇتقۇن قىلىنىپ، جازا لاگېرىغا قامالغان. مېھراي خانىم يولدىشىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ، بۇنى ئاخبارات ساھەسىگە ئاشكارىلىماي سۈكۈت قىلىپ كەلگەن. ئەمما مېھراي خانىم ئىككى ھەپتە ئىلگىرى يولدىشى مىرزات تاھىر ھەققىدىكى يېڭى قايغۇلۇق خەۋەرگە ئېرىشكەن.

> مېھراي مېزىنسوف خانىم ئىگىلىگەن ئۇچۇردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي مىرزات تاھىرنى تۈركىيەدە تۇرغانلىقى سەۋەبلىك «بۆلگۈنچىلىك» تۆھمىتى بىلەن 25 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلغان. ئۇزۇندىن بېرى يولدىشىنىڭ بىخەتەرلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ قىلغان سۈكۈتىنىڭ ھېچنەرسىگە پايدىسى بولمىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن مېھراي خانىم ئاخىرى ئاۋستىرالىيە ABC قانىلىنىڭ مەخسۇس زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان.

ئۇ مۇخبىرغا يولدىشىنىڭ خىتاي تەرىپىدىن ئاتالمىش «بۆلگۈنچىلىك» باھانىسى بىلەن 25 يىل كېسىلگەنلىكى، بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن بىمەنە ئىكەنلىكىنى، يولدىشىنىڭ خىتاي تۆھمەت قىلغاندەك بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانغان ئادەم ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ پەقەت ئۇيغۇر بولغانلىقى سەۋەبلىكلا كېسىلگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، مېھراي خانىم ئاۋستىرالىيەدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولۇپ، يولدىشى مىرزات تاھىرمۇ ئاۋستىرالىيەنىڭ مەڭگۈلۈك تۇرۇش ئىجازەتنامىسىگە ئىگە ئىكەن. مېھراي خانىم ئاۋستىرالىيە ھۆكۈمىتىنى ئۇنىڭ يولدىشى بىلەن قايتىدىن جەم بولۇشىغا ياردەم قىلىشقا چاقىرغان.

كۆزەتكۈچىلەر مېھراي خانىمنىڭ يولدىشى ئۇچۇن يۈرەكلىك ئوتتۇرىغا چىقىشى خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتتە ئۇيغۇرلار ھەققىدە تارقىتىۋاتقان خەۋەرلىرىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ بەرگەنلىكىنى، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئىكەنلىكىنى، خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداش مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.

# ئىستانبۇلدا خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقاتىغا قارشى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى




13 - ئاپرېل ئىستانبۇلنىڭ توپكاپىغا جايلاشقان ئاكگۈن ئىستانبۇل مېهمانخانىسىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسلىسى توغرۇلۇق يېقىندا تارقاتقان ھۆججەتلىك فىلىمگە قارشى «زۇلمەتتىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تېمىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ ھەمكارلىقىدا



ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، خەلقئارا مۇساپىر خەلقلەر جەمئىيىتى رەئىسى ئادۋوكات ئابدۇللاھ رەسۇل دەمىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئىنسان ھەقلىرىنى كۆزىتىش جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى نۇرىددىن ئىزباسار بايانات ئوقۇپ ئۆتتى. ئۇ باياناتىدا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان باستۇرۇش، تېررور سىياسەتلىرىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايەتلىرىنى خەلقئارادا يوللۇق كۆرسىتىش مەقسىتىدە، 2 - ئاپرېل خىتاي يەر شارى تېلېۋىزيە تورى ئارقىلىق ھۆججەتلىك فىلىم تارقاتقانلىقىنى، خىتاي فىلىمدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي سۆزلەتكەنلىكىنى، ئەمەلىيەتتە فىلىمدىكى كىشىلەرنىڭ سۆزلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى مىسال ۋە پاكىتلار ئارقىلىق تەپسىلىي چۈشەندۈرۈپ بەردى.

ئارقىدىن مۇساپىرلار جەمئىيەتلىرى مۇنبىرىنىڭ رەئىسى ئادۋوكات ئۇغۇر يىلدىرىم سۆز قىلدى. ئۇ سۆزىدە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىجرا قىلىۋاتقان تېررور سىياسىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى.

يىغىندا يەنە سىپرۇس 15 - نويابىر ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى دوكتور شەۋكەت ناسىر سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ خەلقئارا جەمئىيەتكە يالغان تەشۋىقات تارقىتىش مەقسىتىدە زور مىقداردا خىراجەت ئاجراتقانلىقىنى، پەقەتلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن دۇنيانىڭ خىتاينىڭ يالغان تەشۋىقات قوشۇنىغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، يېقىندا خىتاينىڭ 20 مىليوندىن ئارتۇق تور قوشۇنىنى يالغان تەشۋىقات تارقىتىش ئۈچۈن ئىشقا كىرىشتۈرگەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىس ۋەكىلى مەھمۇدجان داموللام سۆز قىلىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس يالغان فىلىملەرنى ئىشلەپ، خەلقئارا جەمئىيەتنى ئالداشقا ئۇرۇنغانلىقىنى، ئەمما خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ يالغانچىلىقىنى ئاللىبۇرۇن بىلىپ يەتكەنلىكىنى، فىلىمدىكى ئۇيغۇرلارنى رادىكال، تېررورچى قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن چاپلانغان تۆھمەتلەرنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئارقىدىن تۈركىيەدە ياشاۋاتقان تاھىر ئاباسنىڭ خىتاينىڭ مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمدىكى توقۇلما دەلىللىرىنى پاش قىلغان گۇۋاھلىق فىلىمى قويۇلدى. ئاخىرىدا سۆز قىلغۇچىلار مۇخبىرلارنىڭ ئالاقىدار سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

بۇلاردىن سىرت، بۇگۈنكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىغا ماس ھالدا تۈزۈلگەن پىلانغا ئاساسەن، ئىستانبۇلنىڭ چوڭ سودا سارايلىرىدىكى ۋە 12 چوڭ يولىدىكى ئېكرانلاردا خىتاي تۈرمىسىگە قامالغان ئۇيغۇر زىيالىيسى يالقۇن روزىنىڭ سۈرىتى قويۇلىدىغان بولۇپ، ئىككى كۈندىن بىر ھەپتىگە داۋاملىشىدىكەن.



# خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى:

## تۈركىيەنىڭ ياپچان ھەققىدىكى قارارىغا قەتئىي قارشى تۇرىمىز




خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى باياناتچىسى جاۋلىجيەن 13 - ئاپرېل مۇخبىرنىڭ تۈركىيە سوت مەھكىمىسىنىڭ ئابدۇقادىر ياپچانغا قارىتىلغان ئاخىرقى سوت قارارى ھەققىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ: «خىتاي تۈركىيە سوت مەھكىمىسىنىڭ ياپچان ھەققىدىكى قارارىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ» دېگەن.




خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ 13 - ئاپرېلدىكى قەرەللىك مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا خىتاي مۇخبىرى خىتاي تاشقى ئىشلار باياناتچىسى جاۋ لىجيەندىن: «8 - ئاپرېل تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇلدىكى 29 - جىنايى ئىشلار سوت مەھكىمىسى خىتاي تەرەپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلەپ قىلغان شەرقىي تۈركىستان تېرروررلۇق گۇماندارى ياپچان ھەققىدە قارار چىقىرىپ، خىتاي تەرەپنىڭ ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلدى، شۇنداقلا ئۇنىڭغا قارىتىلغان نازارەت ۋە چەت ئەلگە چىقىش چەكلىمىسىنى بىكار قىلدى. خىتاي تەرەپ بۇ مەسىلىگە قانداق پوزىتسىيە بىلدۈرىدۇ؟» دەپ سورىغان.

جاۋ لىجيەن بۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشى تەرىپىدىن تىزىملىككە كىرگۈزۈلگەن تېرروررلۇق تەشكىلاتى. بۇنى تۈركىيە تەرەپمۇ ئېتىراپ

قىلغان. ياپچان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام ھەرىكىتى تېررورلۇق تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى، ئۇ خىتاي چېگراسى ئىچىدە كۆپ قېتىم تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى پىلانلىغان بولۇپ، دەلىل-ئىسپات تولۇق. خىتاي تۈركىيە سوت مەھكىمىسىنىڭ چىقارغان ئالاقىدار ھۆكۈمگە قاتتىق نارازىلىقىنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەمدە تۈركىيە تەرەپنى ياپچاننىڭ تېررورچى ماھىيىتىگە جىددىي قاراپ، خاتا ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىپ، بۇ دېلونىڭ خىتاي بىلەن تۈركىيە مۇناسىۋىتىگە ئېغىر سەلبىي تەسىر كۆرسىتىشىدىن ساقلىنىشقا چاقىرىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.

خىتاي تۈركىيەدە ياشاۋاتقان جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچاننى قايتۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ، تۈركىيەگە بىرىنچى قېتىم 2016 - يىلى ۋە 2019 - يىلى بەش بەتلىك، 2020 - يىلى 6 - ئايدا 68 بەتلىك ئەرزنامە سۇنغان. تۈركىيە سوت مەھكىمىسى خىتاي تەرەپنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرىنىڭ جىنايەت ئارتىشقا دەلىل-ئىسپات بولالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ، خىتايدىن قايتا دەلىل-ئىسپات تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، بىراق خىتاي تەرەپ ھېچقانداق دەلىل-ئىسپات كەلتۈرەلمىگەن. بۇ يىل 8 - ئاپرېل تۈركىيە سوت مەھكىمىسى ئىستانبۇل چاغلاياندىكى ئەدلىيە سارىيىدا ئابدۇقادىر ياپچان ئۈستىدىن يېپىق سوت ئېچىپ، خىتاينىڭ ئەيىبلەشلىرىنىڭ ئاساسى يوق دەپ قاراپ، خىتاينىڭ قايتۇرۇپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلغان. سوت مەھكىمىسى يەنە ئابدۇقادىر ياپچان دېلوسىنىڭ بىكار قىلىنغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەركىنلىككە چىققانلىقىنى بىلدۈرگەن.

> ئابدۇقادىر ياپچاننىڭ ئادۋوكاتى مەھمەت ئەنەس بۇ ھەقتە: «بۈگۈن بۇ دەۋا نەتىجىلىك ئاخىرلاشتى. ئىلگىرىكى سوتتا ئابدۇقادىر ئەپەندىنىڭ چەت ئەلگە چىقىشى چەكلەنگەن ئىدى. بۇ قېتىمقى سوتتا بۇ قارارمۇ بىكار قىلىندى» دېگەن.






# خىتاي يەرشارى تېلېۋىزىيە تورىنى ياۋروپادا چەكلەش چاقىرىقى كۈچەيمەكتە

گېرمانىيە ئاۋازىنىڭ 12 - ئاپرېلدىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي تەرىپىدىن تېلېۋىزوردا «جىنايىتى»نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان بىر قىسىم كىشىلەر ياۋروپانىڭ خىتاي يەرشارى تېلېۋىزىيە تورىغا بەرگەن تارقىتىش ئىجازەتنامىسىنى قايتا ئويلىشىشنى تەلەپ قىلغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، خىتاينىڭ تېلېۋىزىيە قاناللىرىدا «جىنايىتى»نى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلانغان 13 كىشى ياۋروپا سۈنئىي ھەمراھ خەۋەرلىشىش شىركىتىدىن خىتاي يەرشارى تېلېۋىزىيە تورى (CGTN)نى چەكلەشنى تەلەپ قىلغان. تەلەپ مەكتۇپى كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتى «قوغدىغۇچى مۇھاپىزەتچىلەر» تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان بولۇپ، مەكتۇپتا خىتاينىڭ بىر قاتار قانۇنغا خىلاپلىق قىلىش قىلمىشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

> مەكتۇپتا يەنە: «بىز سىلەردىن دېموكراتىك جەمئىيەتتىكى تېلېۋىزىيە شىركەتلىرىنىڭ قەستەن بۇرمىلانغان ۋە قىيىن-قىستاققا ئېلىش ئارقىلىق ياساپ چىققان ئۈچۈرلارنى تارقىتىش-تارقاتماسلىقنى بېكىتىشنى تەلەپ قىلىمىز»

بىلدۈرۈلۈشىچە، مەكتۇپقا ئىمزا قويغۇچىلار ئىچىدە خىتاي كىشىلىك ھوقۇق ئادۋوكاتى باۋ لۇڭجۈن، جياڭ تيەنيۇڭ، خوڭكوڭدىكى ئەنگلىيەنىڭ سابىق كونسۇلخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى سايمېن چېڭ قاتارلىقلار بار ئىكەن.

فىرانسىيە ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈشىچە، مەزكۇر مەكتۇپتا ئاۋستىرالىيە ئاممىۋى تارقىتىش شىركىتى SBS نىڭ مارت ئېيىدا خىتاي ئىگىدارچىلىقىدىكى تېلېۋىزىيە قاناللىرىنىڭ مەزمۇنىنى ئىشلىتىشنى توختىتىپ، بۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى بويىچە تەكشۈرۈشنى ساقلاۋاتقانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنغان.

ئەنگلىيە خەۋەرلىشىش ئىدارىسى بۇ ھەقتە توختىلىپ، ياۋروپانىڭ چېگرا ھالقىغان تېلېۋىزىيە كېلىشىمنامىسىگە ئاساسەن، خىتاي يەر شارى تېلېۋىزىيە تورىنىڭ فىرانسىيە نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ فىرانسىيە ۋە ئەنگلىيەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا دۆلەتلەردە يەنىلا ئۆز تەشۋىقاتىنى تارقىتالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

# چاۋۇشئوغلى تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى پوزىتسىيەسى ھەققىدە توختالدى



تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مەۋلۈت چاۋۇشئوغلى 20 - ئاپرېل خەۋەر تۈرك قانىلىنىڭ پىروگراممىسىغا قاتناشقاندا مۇخبىرلارنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدىكى سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ:

> «تۈركىيە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە ئەلۋەتتە سەزگۈر. بۇ جەھەتتە ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىز خىتاي بىلەن بولغان ئالاقىلىرىمىزدە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئوخشىمىغان دەرىجىدە كۈنتەرتىپكە كەلتۈرۈۋاتىمىز. بۇ مەسىلىدىكى سەزگۈرلۈكىمىزنى ۋە ئۈمىدلىرىمىزنى ئىپادىلەۋاتىمىز» دېدى.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «بىز بۇ مەسىلىنى ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسى دەپ قارايمىز. ئۇيغۇرلار بىزنىڭ قانداشىمىز. بىزنىڭ دىنىي، مەدەنىيەت، مىللىي ۋە تارىخىي مۇناسىۋىتىمىز بار. بۇنى خىتايمۇ، باشقىلارمۇ نەزەردىن ساقىت قىلالمايدۇ. ئەمما بىز ئۇيغۇر مەسىلىسىنى خىتايغا قارشى دۈشمەنلىككە ئايلاندۇرمايمىز. بىز خىتايغا «بىز ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ بىخەتەرلىكىگە سەزگۈر، ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ دۆلەتلىرىڭلارنىڭ بىخەتەرلىكىگىمۇ سەزگۈر. سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلاردا تېررورلۇق باردۇ يا يوقتۇ. دۆلىتىمىز بولسا تېررورلۇقنىڭ دەردىنى كۆپ تارتتى. ئەمما بىز بىگۇناھ ئۇيغۇر تۈركلىرىنى تېرروررچى دەپ قاراش توغرا ئەمەس» دەۋاتىمىز» دېگەنلەرنى بىلدۈردى.

چاۋۇشئوغلى يەنە شەرقىي تۈركىستانغا تەكشۈرۈش ھەيئىتى ئەۋەتىش مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ، تۈركىيەنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ھەيئەت ئەۋەتىپ، چەكلىمىسىز تەكشۈرۈش تەلىپىنى خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ۋاڭ يى بىلەن كۆرۈشكەندە يەنە بىر قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى، ۋاڭ يىنىڭ بۇنىڭغا قوشۇلغانلىقىنى، ئەمما ھازىرغىچە خىتايدىن رۇخسەت كەلمىگەنلىكىنى بىلدۈردى.

يېقىنقى مەزگىللەردە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە تۇتقان پوزىتسىيەسى تۈركىيەدىكى ئۆكتىچى پارتىيەلەرنىڭ تەنقىدىگە دۇچ كېلىۋاتقان بولۇپ، بۇنى پارلامېنت ۋە تاراتقۇلاردا داۋاملىق كۈنتەرتىپكە كەلتۈرمەكتە. جۈملىدىن كېلەچەك پارتىيەسى رەئىسى ئەھمەت داۋۇتئوغلىمۇ 19-ئاپرېل بىر شەخسىي قانالنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنى يەنە بىر قېتىم تەنقىدلەپ، تۈركىيەنىڭ ھازىر شەرقىي تۈركىستانغا تۇتقان مۇئامىلىسىنى «تۈركىيە تارىخىدىكى بىر داغ» دەپ سۈپەتلىگەن.



# ئەڭ يېڭى دوكلاتتا ب د ت

## خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى تەكشۈرۈشكە چاقىرىلدى

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىغا ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى (Human Rights Watch) ئەڭ يېڭى دوكلاتىدا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتىنى تەكشۈرۈشكە چاقىرغان.

خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكىدىكى خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇقنى كۆزىتىش تەشكىلاتى بىلەن ئىستانفورد ئۇنىۋېرسىتېتى قانۇن فاكۇلتېتىنىڭ «خەلقئارالىق كىشىلىك ھوقۇق ۋە توقۇنۇشنى ھەل قىلىش كىلىنىكىسى» 19 - ئاپرېل بىرلىكتە تەييارلىغان دوكلاتىنى ئېلان قىلغان.

«نەسەبىنى ۋە يىلتىزىنى يوقىتىش: خىتاينىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلارغا قاراتقان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايىتى» دېگەن ماۋزۇدا يېزىلغان 53 بەتلىك مەزكۇر دوكلاتتا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە ئۇزۇن مۇددەت زىيانكەشلىك قىلغانلىقى، نەچچە مىليون كىشىنى تۇرمىگە تاشلىغانلىقى، ئۇيغۇر ئاياللىرىنى مەجبۇري تۇغماس قىلغانلىقى، ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىۋاتقانلىقىنى بايان قىلىنغان ھەمدە خىتاينىڭ مەزكۇر قىلمىشلىرى ۋە ئۇسۇللىرىنىڭ «ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەت» قاتارىغا كىرىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.

دوكلاتتا يەنە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى خىتاي سادىر قىلغان ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتنى تەكشۈرۈشكە، قارار چىقىرىش ئارقىلىق ئالاھىدە تەكشۈرۈش كومىتېتى قۇرۇپ چىقىشقا چاقىرغان.

مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي دائىرىلىرى مەزكۇر دوكلاتقا ئىنكاس قايتۇرۇپ: «بۇ دوكلاتنى تەييارلىغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى شىنجاڭنى زىيارەت قىلىپ باقمىغان، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر نوپۇسى كۆنسېرى ئېشىۋاتىدۇ» دەپ بىلجىرلىغان.



# ئاۋستراليه ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر بەلباغ بىر يول» سودا كېلىشىمىنى بۇزۇشى خىتاينى قاتتىق بىئارام قىلدى



ئاۋستراليەنىڭ ABC خەۋەرلىرى تورىنىڭ بۈگۈنكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي ئەلچىخانىسى ئاۋستراليه ھۆكۈمىتىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» كېلىشىمىنى بۇزغانلىقىنى ئەيىبلىگەن.

**خەۋەردە قەيت قىلىنىشىچە، ئاۋستراليه ھۆكۈمىتى 21 - ئاپرېل ۋىكتورىيە ئىشتاتى بىلەن چەت ئەل ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان تۆت تۈرلۈك كېلىشىمنى بىكار قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ۋىكتورىيە ئىشتاتى بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا كېلىشىمۇ بار ئىكەن.**

بۇ ئاۋستراليه فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ يېڭى قانۇندا بەرگەن ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، ئىشتاتلىق ھۆكۈمەتلەر، يەرلىك كېڭەشلەر ۋە دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن كېلىشىمنى تۇنجى قېتىم بىكار قىلىشى ھېسابلىنىدىكەن. بۇ خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا خىتاينىڭ ئاۋستراليەدىكى باش ئەلچىخانىسى دەرھال نارازىلىق بىلدۈرگەن. خىتاي ئەلچىخانىسى نارازىلىق باياناتىدا: «بۇ ئاۋستراليەنىڭ خىتاي-ئاۋستراليه مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشتا سەمىمىي ئەمەسلىكىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسىتىپ بەردى» دېگەن.

ئاۋستراليه تاشقى ئىشلار مىنىستىرى مارىس پېيىن بۈگۈن ئەتىگەن قىلغان سۆزىدە، ھۆكۈمەتنىڭ مەزكۇر قارارىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى، خىتاينى بۇ سەۋەبلىك سودا جازاسى ۋە باشقا تەدبىرلەر ئارقىلىق ئۆچ ئالىدۇ، دەپ قارىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇ سۆزىدە يەنە: «مېنىڭچە ئاۋستراليه ئۆزىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ، بىز بۇ جەھەتتە ئىنتايىن ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلىۋاتىمىز. بۇ ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلىرىمىزنىڭ تاشقى سىياسىتىنىڭ ئىزچىل ۋە بىردەك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. بۇ ھېچقانداق دۆلەتكە قارىتىلمىغان، شۇنداقلا ئاۋستراليه بىلەن ھەر قانداق دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىگە زىيان يەتكۈزۈش مەقسىتىمۇ قىلىنمىغان» دېگەنلەرنى بىلدۈرگەن.

ئۇ خىتاي باش ئەلچىخانىسىنىڭ باياناتىغا دىققەت قىلغانلىقىنى، بۇ قارارنى خىتاي دائىرىلىرىگە ئۇقتۇرغانلىقىنى، دۆلەتلەرنىڭ ئۆز مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدىغانلىقىنىڭ بىر ھەقىقەت ئىكەنلىكى، بۇ مەسىلىلەرگە مۇشۇ نۇقتىدىن قاراش كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن.

يېڭى پورت، تۇرۇبا يولى، تۆمۈر يول ۋە تاشيول قاتارلىق ئۇ ئەسلىھە قۇرۇلۇشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «بىر بەلباغ، بىر يول» سودا پىلانىنىڭ قاپلىنىش دائىرىسى ئاسىيادىن ياۋروپاغىچە كېڭەيگەن. مەلۇم بولۇشىچە، ئاۋستراليه ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ چوڭ رايونلار ئىچىدە خىتاينىڭ تەسىرى ۋە سودا مەنپەئەتىنى مۇستەھكەملەيدىغان قورالغا ئايلىنىپ قېلىشتىن، شۇنداقلا خىتاينىڭ دۇنيانى قاپلىغان قەرز تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ئەندىشە قىلغان.



# روزىنىڭ ئەخلاقنى يېتىشتۈرۈشتىكى رولى (1)

ـ مۇھەممەد يۈسۈپ

ئاللاھ تائالا ئىبادەتلەرنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ نەپسىنى پاكلاش، روھىنى يۈكسەلتىش ئۈچۈن بۇيرۇغان بولۇپ، ئىبادەت بىلەن ئەخلاق يېتىلىدۇ. چۈنكى ئىنسان ئىبادەتلەرنى كۆرسىتىلگەن بويىچە، تولۇق ۋە تەلەپكە لايىق ئورۇندىغىنىدا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسى پارلاپ نۇرلىنىدۇ، پەزىلەت ۋە ئەخلاقتىن بولغان نېسىۋىسى كۆپىيىدۇ. مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقىنى ياخشىلىقىقا ئۆزگەرتىدىغان ئىبادەتلەرنىڭ ئىچىدە روزىنىڭ تەسىرى كۈچلۈكتۇر. روزا تۇتقان ئادەم كۆپلىگەن دۇنيالىق ۋە ئاخىرەتلىك پايدىلارغا ئېرىشكىنىدىن تاشقىرى، چىدامسىزلىق، سەۋرسىزلىك، بېخىللىق، ئىسراپخورلۇققا ئوخشىغان يامان ئەخلاق ۋە ناچار قىلىقلاردىن نەپسىنى پاكلاش، مەردلىك، سېخىيلىق، سەۋرچانلىق قاتارلىق ئېسىللىككە ۋە پەزىلەتكە قاراپ يۈكسىلىش قاتارلىق نەق پايدىغا ئېرىشىدۇ.

ئىنسان روزا تۇتۇش جەريانىدا ئۆزىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنىڭ نەقەدەر ئاجىز بىر مەخلۇقات بولغانلىقىنى، ئاللاھ تائالاغا ھەمىشە موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نېمەتلىرىنى، خۇسۇسەن روزا تۇتۇش جەريانىدا ئاچلىقنىڭ دەردىنى تارتقاندىن كېيىن، يىل بويى توقلۇقتىن ئىبارەت نېمەتنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىنى ئەسلەيدۇ، بۇ ئارىدا ئاچلىقتىن قىينىلىۋاتقان قېرىنداشلىرىنى، يوقلۇق دەردىدە ئاچ قالغانلارنى ئەسكە ئالىدۇ، ئۇلارنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھ تائالاغا بولغان مىننەتدارلىق بۇرچىنى، يوقسۇللارغا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا تىرىشىدۇ، رەھىم-شەپقەت قىلىش روھى يۈكسىلىدۇ، نېمەتكە شۈكۈر قىلىش كەيپىياتى ئاشىدۇ.

قۇرئان كەرىمدىكى «ئى مۆمىنلەر، سىلەردىن ئىلگىرىكىلەرگە روزا پەرز قىلىنغاندەك، سىلەرنىڭ تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرگە رامىزان روزىسى پەرز قىلىندى» دېگەن ئايەت روزىنىڭ تەقۋالىققا ۋەسىلە بولىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.



**تەقۋالىق ئاللاھ تائالانىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنى ئورۇنداش، توسقانلىرىدىن يېنىش ئارقىلىق ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا ئېلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. تەقۋالىقنىڭ مۇكاپاتى بۇ دۇنيادا ھۇزۇرلۇق ھايات، ئاخىرەتتە نازۇنېمەتلىك جەننەتتۇر. مەلۇمكى، روزا تەقۋالىقنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك يولىدۇر. چۈنكى روزا تۇتقان ئادەم روزا سايىسىدا نەپسىنى پاكلاپ، روھىنى يۈكسەلتىپ، ئىسلامىي تەربىيە ئالغان بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيلەنمىگەن ياشلارنى روزا تۇتۇش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى جىنسىي ھەۋەسنىڭ ئازدۇرۇشلىرىدىن ساقلىنىشقا بۇيرۇغانلىقىنى ھېكمەتىمۇ روزىنىڭ تەربىيە خاراكتېرلىك ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ۋە روزا سايىسىدا ئىسلامىي تەربىيە ھاسىل قىلغىلى بولىدىغانلىقىغا ئىشارەت قىلماقتا. چۈنكى روزا تۇتقان ئادەمنىڭ نەپسى ئىستەكلىرى ئاجىزلىشىدۇ ۋە سەۋرچانلىق بىلەن ئۆزىنى نەپسى ۋە جىنسىي ھەۋەسلەرنىڭ كۈچى ئالدىدا خۇددى مۇستەھكەم قەلئەدەك ساقلاپ قالالايدۇ.**

مۇسۇلمان ئادەم روزىنى پەقەت ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ تۇتۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغىنىدا، ئۇنىڭدا ئاللاھ رازى بولمايدىغان قىلىق ۋە ئىشلاردىن يىراق تۇتۇپ، نەپسىنى ۋە بارلىق ئىستەكلىرىنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىستىكى ئالدىدا بويسۇندۇرۇشى لازىملىقىنى چۈشىنىپ يېتىدۇ. مۇنداق ئادەم ئۆزىنى ئىبادەت ئىچىدە دەپ بىلگەنلىكتىن، بۇ مۇقەددەس ئىبادەتكە زىت كېلىدىغان ھەۋەسلەرنى يېڭىش كويىدا بولىدۇ-دە، ئاللاھ تائالادىن ياردەم سورايدۇ، نەپسى شەيتاندىن ئاللاھ تائالاغا سېغىنىپ پاناھ تىلەيدۇ ۋە ئۆزىنى ئاللاھ تائالانىڭ ھىمايىسى ئاستىغا كىرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ. مۇنداق غەيرەت كۆرسەتكەن بىرىنى ئاللاھ تائالا ھەرگىز يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، بەلكى ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ، ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىدۇ، تىلىگەنلىرىنى بېرىدۇ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىدۇ ۋە ياخشى بەندىلىرى قاتارىغا قوشىدۇ. بۇ ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ ئارمىنى ۋە كۆڭۈلدىكى تىلىكىدۇر.

روزا تۇتقان ئادەم كۆپ يېيىش ۋە كۆپ ئىچىشتىن كېلىپ چىقىدىغان غەپلەت ۋە بىخۇدلۇقنىڭ نەقەدەر يامان ئىكەنلىكىنى روزا تۇتۇش جەريانىدا تونۇپ يېتىدۇ. چۈنكى يىل بويى بىر كۈنمۇ ئاچلىق ھېس قىلماستىن، ھەر كۈنى ۋاقتى-سائىتى بويىچە غىزالىنىپ كەلگەن ئادەم ئاچلىقنىڭ ئازابىنى ۋە دەردىنى ھەرگىز ھېس قىلمايدۇ. ئۇ قانداقمۇ ھېس قىلسۇن؟ بىرەر كۈن ئاچ قالمىغان تۇرسا؟ شۇڭا روزا تۇتۇش جەريانىدا كۈنگە 15 سائەتتىن 17سائەتكە قەدەر ئاچ قېلىش ئارقىلىق ئاچلىق دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، يوقلۇقنىڭ قانداق قاتتىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي تەجرىبە بىلەن ياشاپ بىلىدۇ ۋە ھېس قىلىدۇ. مۇنداق ئادەم ئەگەر روزىنى ئاللاھ رازىلىقىنى ۋە ئەخلاقىنى تۈزىتىش

نىيىتى بىلەن تۇتقان بولسا، چوقۇم ئۆزگىرىدۇ، ئۇنىڭدىكى بېخىللىق سېخىيلىققا، تاش يۈرەكلىك رەھىمدىللىككە، غەپلەت ھوشيارلىققا ئۆزگىرىدۇ-دە، يوقسۇللارنىڭ، يېتىملارنىڭ، بىر نانغا زار بولغانلارنىڭ قەدرىگە تولۇق يېتىدۇ ۋە ئۇلارغا ياردەم قولىنى سوزۇشنى مۇسۇلمانلىقنىڭ ۋە ئىنسانلىقنىڭ تەلپى دەپ بىلىپ، قولىدىن كەلگەننى قىلىدۇ. روزا ئەنە شۇنداق تەربىيە مەكتىپىدۇر. روزا تۇتۇپ بۇنچىلىك ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمىغان ياكى روزا تۇتۇش بىلەنمۇ ھېچقانداق تەربىيە ئالمىغان ئىنسانلارنىڭ تۇتقان روزىسى بىھۇدە ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق دەردى چەككەندىن باشقا ھېچ نەرسە ئەمەس. چۈنكى روزا تۇتۇشتىكى مەقسەت ئەمەلگە ئاشمىسا، تۇتقان روزىنىڭ نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ ئىبادەتلەر بۇ دۇنيادا ئەسقاتمىسا، ئاخىرەتتە قانداق ئەسقاتىدۇ؟!

شۇڭا ئۆلىمالار دەيدۇكى، بۇ دۇنيادا جەننەتكە كىرمىگەنلەر ئاخىرەتنىڭ جەننەتلىرىگە كىرەلمەيدۇ. بۇ دېگەننىڭ مەنىسى شۇكى، جەننەت ئەھلىدىن بولىدىغان مۆمىن ئادەم بۇ دۇنيادا جەننەت ئەھلىنىڭ ئىشىنى قىلىدۇ، ئۇنىڭ قەلبى ئىمانىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتى بىلەن ئارام تاپقان، ئەخلاقى خۇددى جەننەت ئەھلىنىڭ ئەخلاقىغا ئۆزگەرگەن، پۈتۈن يۈرۈش-تۇرۇشلىرى جەننەت ئەھلىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشىنى ئالغان بولىدۇ. مۇنداق ئادەم بۇ دۇنيادا قىلىۋاتقان ياخشى ئىشلىرى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان يېقىنلىقى سەۋەبلىك ئۆزىنى جەننەتتە تۇرۇۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. شۇڭا بۇ دۇنيانىڭ جەننىتىگە كىرمىگەن ئادەم ئاخىرەتنىڭ جەننىتىگە كىرەلمەيدۇ، دەپ ئېيتىلغان.

روزا تۇتقان ئادەمنىڭ تۇتقان روزىسى ئۇنىڭ مۇئامىلە ئىشلىرىغا ۋە گەپ-سۆزلىرىگە ئەلۋەتتە تەسىر قىلىدۇ. چۈنكى روزا تۇتۇپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشنىڭ، روزا تۇتۇپ تۇرۇپ باشقىلارغا ئازار بېرىشنىڭ نەقەدەر چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ-دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدۇ، كۆنۈپ قالغان يامان ئادەتلىرىنى رامىزاندا قىلمايدۇ ۋە رامىزاندىن كېيىنمۇ ئۆمۈر بويى بۇ يامان ئادەتلەرنى قىلماسلىقنى ئادەت قىلىشقا تىرىشىدۇ، شۇنىڭغا بەل باغلايدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىستە: «يالغان سۆز قىلىشنى تاشلىمىغان ئادەمنىڭ روزا تۇتتۇم دەپ قورسىقىنى ئاچ قويغانلىقىغا ئاللاھ تائالانىڭ ھاجىتى يوق»دەپ كۆرسەتكەن. دېمەككى، روزا تۇتۇش دېگەن قورساقنى ئاچ قويۇش دېگەنلىك ئەمەس. روزا تۇتقاندا بىر نەرسە يېمەسلىك ۋە ئىچمەسلىك دېگەن روزىنىڭ تاشقى جەھەتتىكى تەلىپى. ئەمما روزىنىڭ ھەقىقىي تەلىپى ئىچكى دۇنيانى ئىسلاھ قىلىشتۇر. جانابىي ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ھەقىقىي مەنىدە روزا تۇتۇپ، ئۇنىڭ مېۋىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆرىدىغانلاردىن قىلسۇن ئامىن.




بىر ئادەمنىڭ يۇرتىنى سۆيۈشى ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى، يەنى تۇغما ھەققى.
بىر ئادەمنىڭ يۇرتىنى سېغىنىشى ئۆزلىرىنىڭ تارىخى، ئۆزلىرىنىڭ ئەجدادلىرى
ۋە ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزىنى سېغىنىشتۇر.
- يالقۇن روزى
ISTIQLAL MEDIA

## مەنبەلەر

http://istiqlalhaber.com/page/news/3582
https://istiqlalhaber.com/page/news/3596
https://istiqlalhaber.com/page/news/3595
http://istiqlalhaber.com/page/news/3275
https://istiqlalhaber.com/page/news/3651
http://istiqlalhaber.com/page/news/3270
https://turkistantimes.com/ug/news-14573.html
https://istiqlalhaber.com/page/news/3608
http://istiqlalhaber.com/page/news/3650
http://istiqlalhaber.com/page/news/3645
http://istiqlalhaber.com/page/news/3656
https://turkistantimes.com/ug/news-14597.html

# ئىستىقلال ئاۋازى

**شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟**

**بۇ ھەقىقەتلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟**

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇملارنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقىقەتلىكى يالغان ئۇچۇرلىرىنى ۋە كۆز بوياماچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


| | |
|---|---|
| باش مۇھەررىر | ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق |
| تەھرىر | يۈسۈپجان قۇرۇم |
| لايىھەلىگۈچى | ئۆركەش |
| بەتچىك | ئىرشات سەرھان |
| ھەجۋىي رەسىم | رەدۋا ئادىل |
| نەشر قىلغۇچى ئورۇن | شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى |
| نەشر تۈرى | ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى |
| ئادرېس | Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dükkan 2<br>Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL |



info@turkistanmedia.com
www.istiqlalhaber.com
www.istiqlalmedia.com
+90 212 540 31 15
+90 553 895 19 33
+90 541 797 77 00